الله

# يولىدا رىبات ۋە ھارىستا تۇرۇشنىڭ پەزىلىتى



ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

# الله يولىدا رىبات

# ۋە ھارىستا تۇرۇشنىڭ پەزىلىتى

ابن النحاس نىڭ «مشارع الأشواق إلى مصارع العشاق» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى

ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

بسم الله الرحمن الرحيم

# بېغىشلىما

بارلىق ھەمدۇ - سانالار پۈتۈن مەخلۇقاتلارنى يوقلۇقتىن بار قىلغان ، يەككە - يېگانە الله تائالا غا خاستۇر. شۇ مەخلۇقاتلىرى ئىچىدىن بىزلەرنى تاللاپ ئىنسان قىلىپ يارىتىپ ، كۆرۈشكە كۆز ، ئاڭلاشقا قۇلاق ، سۆزلەشكە تىل ، تەپەككۇر قىلىشقا ئەقىل ۋە ساغلام قەلب ئاتا قىلغان ھەمدە ئۆزىگە ئىمان ئېيتقان مۆئمىن - مۇسۇلمانلاردىن قىلغان ، كۇفرىدىن ئىمانغا ، زالالەتتىن ھىدايەتكە ۋە قاراڭغۇلۇقلاردىن نۇرغا چىقارغان رەببىمىز الله تائالا غا چەكسىز ھەمدىلەرنى ئېيتىمىز. ئاندىن الله تائالا غا ئىمان ئېيتىشتىن قالسىلا ئەڭ ئەۋزەل ئەمەل ھېسابلىنىدىغان جىھادتىن ئىبارەت بۈيۈك بىر ئىبادەتنى پەرز قىلىپ بېرىپ ، بۇنىڭ مۇكاپاتىنى دۇنيادا ئىززەت ، غەلبە - نۇسرەت ، شان - شەرەپ ، ئەركىنلىك ۋە ئۇنىڭدىن باشقا كۆپلىگەن دۇنياۋى بەختلەرنىڭ ئاچقۇچى ، ئاخىرەتتە بولسا گۇناھلارنىڭ مەغفىرىتى ، جەننەتكە كىرىشنىڭ سەۋەبى ، الله تائالا نىڭ جامالىغا يېتىشنىڭ ۋاستىسى ۋە بىز ئويلاپ باقمىغان نۇرغۇن بۈيۈك ئەجىر - مۇكاپاتلارنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ يولى قىلىپ بەرگەن الله تائالا غا چەكسىز تەشەككۇرلەرنى ئېيتىمىز.

الله تائالا نىڭ رەھمەت ۋە سالاملىرى پەيغەمبىرىمىز ، يېتەكچى ئۇستازىمىز ، ئالىي قوماندانىمىز ، ئۈممەتنىڭ شام چىرىغى ، بۈيۈك ھىممەت ئىگىسى ۋە رەھبىرىمىز مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ﷺگە (ئۇ زاتقا ئاتا - ئانىمىز پىدا بولسۇن!) ، ئۇنىڭ پاك ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا ، سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىگە ۋە ھاياتىنى

پەيغەمبەرگە پىدا قىلىپ ، ئىسلام ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتقان ساھابە - كەرەملەرگە بولسۇن ، ئامىن!

«**الله** يولىدا رىبات ۋە ھارىستا تۇرۇشنىڭ پەزىلىتى» ناملىق بۇ رىسالىنى جىھاد مەيدانلىرىدا فەتىھ بولغان زېمىنلارنى قوغداپ، ئىسلامنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى ھىمايە قىلىپ ، كافىرلارغا قارشى جەڭنى كۈتۈپ ، الله رازىلىقى ئۈچۈن رىباتتا تۇرۇۋاتقانلارغا ، جىھاد ئالدىنقى سەپلىرىدە ھارىستا تۇرۇۋاتقان ئىسلامنىڭ ئاۋانگارت قوشۇنلىرىغا ۋە ئىسسىق قانلىرى بەدىلىگە ئىسلام چېگرالىرىنى ھىمايە قىلىۋاتقان پىدائىي ئەزىمەتلەرگە بېغىشلايمىز.

الله تعالى ئۇلارنىڭ ھىجرەتلىرىنى ، جىھادلىرىنى ، جىھاد تەييارلىقلىرىنى ، رىباتلىرىنى[①] ۋە ھارىسلىرىنى[②] قوبۇل قىلسۇن ھەمدە كەلىمە تەۋھىدنى ئالىي قىلىش ئۈچۈن جىھاد قىلىۋاتقان بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا ئۆزى رازى بولىدىغان شاھادەتنى نېسىپ قىلسۇن ، ئامىن!

① رىبات - جەڭنى كۈتۈپ تەييار تۇرۇش.

② ھارىس - ئىسلام زېمىنىنى ۋە مۇسۇلمانلارنى قوغداپ كۆزەتچىلىكتە تۇرۇش ؛ پوستتا تۇرۇش

# الله يولىدىكى رىباتنىڭ[1] پەزىلىتى توغرىسىدا

جىمى ھەمدۇ - سانا ئۆز دىنىغا ياردەم بەرگەنلەرگە غەلىبە — نۇسرەتنى ۋەدە قىلغان ئۇلۇغ رەببىمىز الله تعالى غا خاستۇر. رەببىمىز تەرىپىدىن ھەق دىن بىلەن پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەن، ئامانەتنى كامىل ئادا قىلغان، الله تعالى يولىدا ھەقىقي رەۋىشتە جىھاد قىلغان سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺگە، ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ئۇنىڭ پىداكار ساھابىلىرىگە كاتتا رەھمەت، ئالىي دەرىجە ۋە يۇقىرى مەرتىۋە تىلەيمىز ھەمدە قىيامەت كۈنى بىزلەرنىمۇ شۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇشنى سورايمىز!

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِذَا انسَلَخَ الأَشْهُرُ الْحُرُمُ فَاقْتُلُواْ الْمُشْرِكِينَ حَيْثُ وَجَدتُّمُوهُمْ وَخُذُوهُمْ وَاحْصُرُوهُمْ وَاقْعُدُواْ لَهُمْ كُلَّ مَرْصَدٍ فَإِن تَابُواْ وَأَقَامُواْ الصَّلاَةَ وَآتَوُاْ الزَّكَاةَ فَخَلُّواْ سَبِيلَهُمْ إِنَّ الله غَفُورٌ رَّحِيمٌ﴾ «(ئۇرۇش قىلىش) ھارام قىلىنىغان ئايلار ئۆتۈپ كەتكەندە، مۇشرىكلارنى قەيەردە ئۇچراتساڭلار، شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار، ئەسىرگە ئېلىڭلار، قورشاڭلار، ئۇلارنىڭ ئۆتىدىغان يوللىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇڭلار. ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلسا، ناماز ئوقۇسا، زاكات بەرسە، ئۇلارنى قويۇپ بېرىڭلار. شۈبھىسىزكى، الله (تەۋبە قىلغۇچىلارغا) مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، رەھىم قىلغۇچىدۇر»[2].

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ اصْبِرُواْ وَصَابِرُواْ وَرَابِطُواْ وَاتَّقُواْ الله لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ «ئى مۆئمىنلەر! تائەت-ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ۋە

---

[1] رىبات - جەڭنى كۈتۈپ تەييار تۇرۇش.

[2] سۈرە تەۋبە 5- ئايەت.

سلەرگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا سەۋر قىلىڭلار. دۈشمەنلەرگە زىيادە چىداملىق بولۇڭلار، (چىگرالىرىڭلارنى ساقلاپ) جىھادقا تەييار تۇرۇڭلار، مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن الله دىن قورقۇڭلار (يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلماڭلار)» [1].

ئىبنى جەرىر تەبەرى ئۆز تەفسىرىدە ھەسەن بەسرىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلغان: «﴿اصْبِرُواْ وَصَابِرُواْ﴾ ‹ئى مۆئمىنلەر! تائەت - ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ۋە سىلەرگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا سەۋر قىلىڭلار، دۈشمەنلەرگە زىيادە چىداملىق بولۇڭلار›. مۇسۇلمانلار بۇ ئايەتتە كافىرلار تاكى ئۆز دىنلىرىدىن زېرىككەنگە قەدەر، چىدامچانلىقتا ئۇلار بىلەن بەسلىششكە بۇيرۇلدى.» [2]

مۇھەممەد ئىبنى كەئبىل قۇرەزى بۇ ئايەتنى مۇنداق شەرھلىدى: «مېنىڭ ۋە سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلار تاكى سىلەرنىڭ دىنىڭلار ئۈچۈن، ئۆز دىنىنى تەرك ئەتكەنگە قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇشنى داۋاملاشتۇرۇڭلار!» [3]

ئەزھەرىي «تەھزىيبۇل لۇغەت» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: « الله تعالى نىڭ ﴿وَرَابِطُوا﴾ دېگەن سۆزى ئىككى خىل بۇيرۇقنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ:

1. سىلەر دۈشمىنىڭلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ۋە ئات تەييارلاش بىلەن جىھادنى بەرپا قىلىڭلار؛

---

[1] ئال ئىمران 200- ئايەت.

[2] تفسير ابن جرير الطبري 7-توم 502-بەت.

[3] تفسير ابن جرير الطبري 7-توم 502-بەت.

2. سالىھ ئەمەللەرنى قىلىڭلار ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشتا مۇستەھكەم بولۇڭلار».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «مەن سىلەرنى اﷲ تعالى ئۇ ئارقىلىق خاتالىقىڭلارنى ئۆچۈرۈپ، دەرىجەڭلارنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان بىر ئەمەلگە باشلاپ قويايمۇ؟» دېۋىدى، ساھابىلەر: «شۇنداق قىلسىلا، ئى رەسۇلۇللاھ!» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «مۇشكۈل ئەھۋالدىمۇ تاھارەتنى كامىل ئېلىش، مەسجىدكە قەدەمنى كۆپ ئېلىپ بېرىش ۋە بىر نامازدىن كېيىن يەنە بىر نامازغا ئىنتىزار بولۇش. مانا بۇ اﷲ يولىدىكى رىباتقا باراۋەردۇر» دېدى.[1]

رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ سالىھ ئەمەللەرنى، اﷲ تعالى نىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن جىھاد قىلىش ئۈچۈن ئات تەييارلاپ تۇرغان مۇرابىتلارغا ئوخشاش دەپ تىلغا ئالدى.

ئىمام قۇرتۇبى مۇفەسسىر ئىبنى ئەتىييەنىڭ سۆزىنى رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «سۆزنىڭ توغرىسى: رىبات دېگىنىمىز، اﷲ تعالى يولىدا جەڭگە تەييار تۇرۇشتۇر، ئۇنىڭ ئاساسى - ئات باغلاشتۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ چېگرالىرىنى قوغداپ تۇرغان ھەربىر كىشى، مەيلى ئۇ ئاتلىق ياكى پىيادە بولسۇن، مۇرابىت (يەنى رىباتتا تۇرغۇچى) دەپ ئاتىلىدۇ»[2].

ئىبنى قۇتەيبە مۇنداق دەيدۇ: «رىباتتا تۇرۇش: ئۆز - ئارا ھەمكارلىششنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئۆز — ئارا ھەمكارلىشىپ، ئاتلىرىنى باغلاپ،

---

[1] مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] تەفسىر قۇرتۇبى 4-توم 323-بەت.

دۈشمەنگە قارشى تەييارلىق كۆرۈپ رىباتتا تۇرىدۇ؛ كاپىرلارمۇ ئۆز - ئارا ھەمكارلىشىپ، ئاتلىرىنى باغلاپ، دۈشمىنىگە قارشى تەييارلىق كۆرۈپ جەڭگە تەييار تۇرىدۇ».

ئىبنى رۇشد ئۆزىنىڭ «ئەلمۇقەددىمات» ناملىق كىتابىدا، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: « الله تعالى جىھادنى مۇشرىكلارنىڭ قېنىنى تۆكۈش ئۈچۈن پەرز قىلدى، رىباتنى بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنى قوغداش ئۈچۈن پەرز قىلدى، مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنى قوغداش مەن ئۈچۈن مۇشرىكلارنىڭ قېنىنى تۆكۈشتىن سۆيۈملۈكتۇر»[1].

بىلگىنكى، رىبات - ئىماننىڭ بىر تارمىقىدۇر. الله تعالى نىڭ مەغفىرىتىگە ئېرىشىش ۋە الله تعالى غا يېقىنلىشىشتا، رىباتتا باشقا ئەمەللەردىن تېپىلمايدىغان كاتتا پەزىلەتلەر بار:

1. بىر كۈن جىھادنى كۈتۈپ رىباتتا تۇرۇش - دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارچە نەرسىلەردىن ياخشىدۇر.

سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «الله يولىدا بىر كۈن رىباتتا تۇرۇش - دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارچە نەرسىلەردىن ياخشىدۇر؛ بىرىڭلارنىڭ جەننەتتىكى بىر تال قامچا مىقدارىچىلىك ئورنى دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارچە نەرسىلەردىن ياخشى»[2].

دېمەك، بۇ ئىبادەت دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارچە نەرسىلەردىن ياخشى، بۇنىڭ مەنىسى: «ئەگەر بىر مۇسۇلمان دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەرگە ئىگە بولسا

---

[1] المقدمات 1- توم 275- بەت.

[2] بۇخارى رىۋايىتى.

ھەمدە ئۇنى الله يولىدا سەرپ قىلغان تەقدىردىمۇ ، بۇ ئەمەلدىن يەنىلا رىباتنىڭ ساۋابى يۇقىرى بولىدۇ» دېگەنلىك بولىدۇ. ئەلۋەتتە ، بۇ ئىنتايىن قىيىن بىر ئىبادەت. ئۆلىمالارنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇ سۆزنى كۈچلەندۈرگەن.①

2. بىر كېچە - كۈندۈز رىباتتا تۇرۇش - بىر ئاي روزا تۇتۇش ۋە قىيامدا تۇرۇشتىن ياخشى ؛ بىر ئاي رىباتتا تۇرۇش - بىر ئۆمۈر ئۈزۈلدۈرمەستىن روزا تۇتقاندىن ياخشى.

سەلمان فارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر كېچە - كۈندۈز رىباتتا تۇرۇش - بىر ئاي روزا تۇتۇش ۋە قىيامدا تۇرۇشتىن ياخشى. ئەگەر ئۇ رىباتتا ۋاپات تاپسا ، ئۇنىڭغا قىلىپ كېلىۋاتقان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى داۋاملىق يېزىلىپ تۇرىدۇ ، (جەننەتتىن) رىزقى يېتىپ تۇرىدۇ ھەمدە قەبرىدىكى ئازاپ ۋە سوئال - سوراقتىن خاتىرجەم بولىدۇ.»②

ئەبى دەرداﺉ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئاي رىباتتا تۇرۇش - بىر ئۆمۈر روزا تۇتۇشتىن ياخشى ، كىمكى الله يولىدا رىباتتا تۇرۇپ ۋاپات تاپسا ، چوڭ قورقۇنچ (يەنى قىيامەت قورقۇنچىسى)دىن خاتىرجەم بولىدۇ ، ئۇنىڭغا جەننەتتىن رىزقى يېتىپ تۇرىدۇ ، تاكى الله تعالى ئۇنى قايتا تىرىلدۈرگەنگە قەدەر ، رىباتتا تۇرغۇچىنىڭ ئەجرى ئۇنىڭغا داۋاملىق يېزىلىپ تۇرىدۇ.»③

---

① ئىمام نەۋەۋىنىڭ «شرح مسلم» كىتابى 13- توم 26-27- بەت.

② مۇسلىم رىۋايىتى.

③ تەبرانى رىۋايىتى ، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن .

3. رىباتتا تۇرغۇچىدىن باشقا كىشىلەر ۋاپات بولسا ، ئۇنىڭ ئەملى توختاپ قالىدۇ. ئەمما رىباتتا تۇرغۇچى رىبات مەيدانىدا ۋاپات بولسا ، ئۇنىڭغا رىبات ۋە ئۇنىڭدىن باشقا سالىھ ئەمەللىرىنىڭ ئەجرى تا قىيامەت كۈنىگىچە توختىماي يېزىلىپ تۇرىدۇ.

فۇزالە ئىبنى ئۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «ھەرقانداق مېيىتنىڭ ئەملى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ ، پەقەت الله يولىدا رىباتتا تۇرغۇچى بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۇنىڭ ئەملىنىڭ ئەجرى تا قىيامەت كۈنىگىچە يېزىلىپ تۇرىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، ئۇ قەبرە فىتنىسىدىن خاتىرجەم قىلىنىدۇ.»①

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ:

«بۇ ھەدىس ، مېيىتنىڭ ساۋابى مەڭگۈلۈك داۋاملىشىپ تۇرىدىغان ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى - رىبات ئىكەنلىكىگە دەلىل.

ئىگىسى ئۆلگەندىن كېيىن ، ساۋابى داۋاملىشىپ تۇرىدىغان بۇنىڭدىن باشقا ئەمەللەردىنمۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ خەۋەر بەرگەن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: ‹ئەگەر ئىنسان ۋاپات بولسا ، ئۈچ خىل ئەملىدىن باشقا ئەملىنىڭ ئەجرى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ: سەدىقە جارىيە ، ئۇنىڭ بىلەن مەنپەئەتلەنگەن ئىلىم ۋە ئۆزىگە دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان سالىھ پەرزەنتنى تەربىيەلەپ قويۇش.›②

① ئەبۇ داۋۇد ، تېرمىزى ، ئىبنى ھىببان ، ھاكىم رىۋايىتى ؛ ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
② مۇسلىم رىۋايىتى.

سەدىقە جارىيەنىڭ تۈگىشى ، ئىلىمنىڭ كېتىپ قىلىشى ۋە پەرزەنتنىڭ ۋاپات بولىشى بىلەن ئۇ ئۈچ خىل ئەمەلنىڭ ساۋابىمۇ ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. ئەمما رىباتنىڭ ساۋابى بولسا ، قىيامەت كۈنىگىچە داۋاملىشىپ بارىدۇ.

يۇقىرىقى ھەدىستىكى ئۈستۈرۈلۈش ۋە داۋاملىشىپ تۇرۇشنىڭ مەنىسى - پەقەتلا كۆپىيىپ مېڭىشتۇر. رىباتتىكى ئەجىر - ئۇنى توختىتىپ قويۇشقا سەۋەب بولىدىغان مەلۇم بىر ئالاھىدە ئامىلغا دۇچ كېلىپ قېلىپ توختاپ قالمىسىلا ، بىرەر سەۋەبكە بىنائەن توختاپ قالمايدۇ. بۇ قىيامەت كۈنىگىچە الله تعالى تەرىپىدىن بولغان دائىمى پەزىلەتتۇر. ھەرقانداق ياخشى ئەمەلنى قىلىش ئۈچۈن ئىنسان دۈشمەندىن سالامەت بولۇپ ، دىنىنىڭ ئاساسلىرىنى ئۇلاردىن ھىمايە قىلىپ ۋە ئىسلام شەرىئىتىنى تىكلىيەلىگەندىلا ، ئاندىن يېتەرلىك ئىمكانىيەتكە ئېرىشەلەيدۇ. بۇ خىل ئىمكانىيەت پەقەت رىبات ۋە جىھاد بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ.»①

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، ئەجىرلىرى ئۇلارغا داۋاملىق يېتىپ تۇرىدىغان تۆت كىشى بار ، (ئۇلار): الله يولىدا رىباتتا تۇرغۇچى ؛ ۋاپاتىدىن كېيىن ھەم مۇسۇلمانلار داۋاملىق مەنپەئەتلىنىپ تۇرىدىغان ئەمەلنى قىلغان كىشى ؛ سەدىقە جارىيە (يەنى ئەجرى داۋاملىشىپ تۇرىدىغان سەدىقە) قىلغان كىشى ۋە ئۆزىگە دۇئا قىلىدىغان سالىھ پەرزەنتنى تەربىيلەپ قويغان كىشى.»②

---

① تەفسىر قۇرتۇبى 4- توم 325- بەت.

② ئەھمەد رىۋايىتى ؛ ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «رىباتتا تۇرغۇچىدىن باشقا ، ھەرقانداق روھى چىقىدىغان بىر كىشى بولىدىكەن ، ئۇ جان تەسلىم قىلىشتىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ ئاخىرەتتىكى ئورنىنى كۆرىدۇ. ئەمما رىباتتا تۇرغۇچىغا ئۇنداق ئەمەس ، ئۇ جان تەسلىم قىلىشتىن ئىلگىرى رىباتتا تۇرىۋاتقان بولسىلا ، ئۇنىڭ ئەجرى ئۇ ۋاپات تاپقاندىن كېيىنمۇ داۋاملىشىپ تۇرىدۇ»[1].

ئۇبادەنىڭ سۆزى توغرا. چۈنكى ئۆلۈكنىڭ ئەملى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى نەپىسى بىلەن تۈگەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز ئورنىنىڭ جەننەت ياكى دوزاخ تەرەپتە ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ. ئەمما رىباتتا تۇرغۇچى الله نىڭ دەرگاھىدىكى ئۆزىنىڭ ئورنىنى كۆرمەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئەملى ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرلىششى بىلەن تۈگىمەيدۇ ، ئۇنىڭ ئەجرى قىيامەت كۈنىگىچە ھەسسىلىنىپ كۆپىيىپ بارىدۇ. رىباتتا تۇرغۇچىنىڭ ئەجرى نېمە بىلەن تۈگەيدىغانلىقى ۋە قايسى مەنزىلگە يېتىدىغانلىقىنى الله تعالى دىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

رىباتتا تۇرغۇچى جان ئۈزگەندە ئۆزىنى خۇرسەن قىلىدىغان نەرسىلەرنى كۆرىدۇ ، ئۇ ئۆز ئورنىنى ئۈستۈن ، قىيامەت كۈنىگىچە ئۇنىڭ مەڭگۈ چېكىگە يېتەلمەيدىغان ئېگىزلىكتە كۆرىدۇ.

4. رىباتتا تۇرغۇچى ئۆز رىباتىدا جان ئۈزسە ، الله تعالى ئۇنى قىيامەت كۈنىدىكى چوڭ قورقۇنچتىن خاتىرجەم ھالەتتە تىرىلدۈرىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى الله يولىدا رىباتتا تۇرۇپ ۋاپات بولىدىكەن ، ھايات ۋاقتىدا قىلىپ كېلىۋاتقان سالىھ ئەملىنىڭ ئەجرى

---

[1] ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ «الجهاد» كىتابى 2- توم 164- بەت.

داۋاملىشىپ تۇرىدۇ، جەننەتتىكى رىزقى يېتىپ تۇرىدۇ ۋە سوئال - سوراقتىن خاتىرجەم بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، اللّٰه تعالى ئۇنى قىيامەت كۈنىدىكى چوڭ قورقۇنچتىن خاتىرجەم ھالەتتە تىرىلدۈرىدۇ.»[1]

5. رىباتتا تۇرغۇچى ئۆز رىباتىدا جان ئۈزسە، اللّٰه تعالى قىيامەت كۈنى ئۇنى شەھىدلىك ھالىتىدە تىرىلدۈرىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى رىباتتا تۇرۇپ ۋاپات تاپسا، شەھىدلىك ھالىتىدە ۋاپات تاپىدۇ. قەبرىنىڭ سوئال - سوراقىدىن قۇتۇلدۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭغا ئەتىگەن - ئاخشامدا رىزقى جەننەتتىن يەتكۈزۈلىدۇ ۋە ھايات ۋاقتىدىكى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ئەجرى ئۇنىڭغا داۋاملىشىپ، يېتىپ تۇرىدۇ.»[2]

رىبات مەيدانىدا جان ئۈزگەن مۇرابىتنى، قىيامەت كۈنى اللّٰه تعالى شەھىدلىك ھالىتىدە تىرىلدۈرىشىنىڭ سەۋەبى، ئۇ شاھادەتنى تەلەپ قىلىپ، ئۇنىڭغا سادىقلىق ھالىتىدە يۈزلەنگەن. لېكىن ئۇنىڭغا دۇنيادا شەھىدلىك ھالىتىدە ۋاپات بولۇش تەقدىر قىلىنمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن اللّٰه تعالى قىيامەت كۈنى ئۇنى شەھىدلىك ھالىتىدە تىرىلدۈرىدۇ. بۇ اللّٰه تعالى نىڭ سالىھ بەندىلىرىگە تۇتقان يولىدۇر. كىمكى اللّٰه تعالى غا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەمەل ۋە تائەتتىن بىرەر نەرسىگە سادىقلىق بىلەن يۈزلەنسە ھەم ئۇ ئەمەلنى قىلىشقا ئىنتايىن ھېرىسمەن ۋە نىيىتى سەممىي بولسا، ئەمما ئىلاھى تەقدىر ئۇنى مەزكۇر ئەمەلنى قىلىشتىن توسۇپ قالسىمۇ، ئۇنىڭ مەقسىدى ياخشى، نىيىتى خالىس ۋە ئىرادىسى سادىق

---

[1] ئىبنى ماجە رىۋايىتى؛ ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئىبنى ماجە ۋە ئابدۇرراززاق سەھىھ ئىسناد بىلەن رىۋايەت قىلغان.

بولغانلىقى ئۈچۈن ، اللە تعالى ئۆز تەرىپىدىن بولغان رەھمەت ، شەپقەت ۋە ياخشىلىق قىلىش يۈزىسىدىن ، ئۇنىڭغا قىيامەت كۈنى شۇ ئەمەلنىڭ ئەجرىنى ئاتا قىلىدۇ.

شۇنىڭدەك ، كىمكى ئۆيىدىن جىھاد قىلىش ئىرادىسى بىلەن چىقىپ ، يولدا ۋاپات قىلسا ، ئۇ شەھىدلىك ھالىتىدە ۋاپات قىلغان بولىدۇ ؛ كىمكى ھەج قىلىشقا ئىھرام باغلاپ ، ھەجنى ئادا قىلىشتىن ئىلگىرى ۋاپات بولىدىكەن ، ئۇنىڭغا ھەجنىڭ ئەجرى يېزىلىدۇ ؛ كىمكى تەھەججۇد نامىزىغا تۇرۇشنى نىيەت قىلىپ ، ئەمما ئۇيقۇسى غالىب كېلىپ ئۇخلاپ قالسا ، نىيەت قىلغان تەھەججۇدنىڭ ئەجرى ئۇنىڭغا يېزىلىدۇ ۋە ئۇيقۇسى ئۇنىڭغا پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن سەدىقە بولىدۇ ؛ كىمكى راستچىللىق بىلەن جامائەت نامىزىغا مېڭىپ ، ئەمما كىشىلەرنى ناماز ئوقۇپ بولغان ھالەتتە ئۇچراتسا ، اللە تعالى ئۇنىڭغا جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ ئەجرىنى ئاتا قىلىدۇ.

رىباتتا تۇرغۇچى شەھىدلىككە ھېرىس بولۇپ ، ئۇنى تەلەپ قىلىپ ، شەھىدلىككە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆز جېنىنى پىدا قىلسىمۇ ، ئەمما ئۇ بۇ مەيداندا شەھىد بولمىسا ، اللە تعالى ئۇنى قىيامەت كۈنى شەھىدلىك ھالىتىدە تىرىلدۈرىشىدە ھېچ شۈبھى يوق. اللە تعالى ئۇنىڭغا شەھىدلەرنىڭ ئەجرىنى ئاتا قىلىدۇ.

6. اللە يولىدا رىباتتا تۇرغۇچى ئۈچۈن ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى بارلىق كىشىلەرنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ئەجرى ئوخشاش يېزىلىپ تۇرىدۇ.

ئىبراھىم ئەلىيەمانى مۇنداق دەيدۇ: «مەن يەمەندىن كېلىپ ، سۇفيان سەۋرىنىڭ قېشىغا كىردىم ۋە ئۇنىڭغا: ‹ئى ئەبۇ ئابدۇللاھ! مەن ئۆز كۆڭلۈمدە

جىددىگە ئۇلتۇراقلىشىپ ، شۇ يەردە تۇرۇشنى ، ھەر ئايدا ئۆمرە ، ھەر يىلى ھەج قىلىشنى ۋە ئەھلىم بىلەن بىللە تۇرۇشنى قارار قىلدىم ، سېنىڭچە مۇشۇنداق قىلىشىم ياخشىمۇ ياكى شامغا بېرىشىممۇ؟› دېدىم. ئۇ ماڭا: ‹ئى يەمەنلىك قېرىندىشىم! سەن شام قىرغاقلىرىنى ئۆزۈڭگە لازىم تۇتقىن! شام قىرغاقلىرىنى ئۆزۈڭگە لازىم تۇتقىن! بەيتۇللاھ (كەئبە)نى ھەر يىلى ئىككى - ئۈچ يۈزمىڭدىن ئارتۇق كىشى الله نىڭ ئىزنى بىلەن ھەج تاۋاپ قىلىدۇ ، ئۇلارنىڭ قىلغان ھەج ، ئۆمرە ۋە قۇربانلىقلىرىنىڭ ئەجرى ساڭىمۇ ئوخشاش بېرىلىدۇ›»[①].

ئوسمان ئىبنى ئەبى سەۋدە مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن پەلەستىنىنىڭ دېڭىز قىرغىقىغا يېقىن ‹يافا› دېگەن يېرىدە رىباتتا تۇردۇق. ئەبۇ ھۇرەيرە: ‹بۇ يەردە بىر كېچە رىبات تۇرۇشۇم ، مەن ئۈچۈن قەدىر كېچىسىنى بەيتۇلمۇقەددەستە ئۆتكۈزگىنىمدىن سۆيۈملۈكتۇر› دېدى.»[②]

7. الله يولىدا بىر كۈن رىباتتا تۇرۇش ، باشقا ئورۇنلاردىكى مىڭ كۈندىن ياخشىدۇر.

ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «الله يولىدا بىر كۈن رىباتتا تۇرۇش ، ئۇنىڭدىن باشقا ئورۇنلاردىكى مىڭ كۈندىن ئەۋزەل.»[③].

① «تاريخ مدينة دمشق» ناملىق كىتاب 2-توم 125-بەت. د. سالاھىددىن ئەلمۇنەججىد تەكشۈرگەن.

② ئابدۇرراززاق نەقىل قىلغان. «كتاب الجهاد» ناملىق كىتابنىڭ رىبات بابى.

③ نەسائىي ۋە ئىبنى ھىببان «سەھىھ» دېگەن ؛ تىرمىزى ۋە ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن ؛ ھاكىم: «بۇخارىنىڭ شەرتىدە سەھىھكە چۈشىدۇ» دېگەن.

بۇ ھەدىس ، چىگرانى قوغداپ ، رىبات مەيدانىدا بىر كۈن رىباتتا تۇرۇش ، ھەتتا مەككە ، مەدىنە ، بەيتۇل مۇقەددەس ۋە ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ئورۇنلاردا مىڭ كۈن تۇرۇشتىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن ساھابىلەر ۋە تابىئىنلار مۇقەددەس ئىككى ھەرەمگە يېقىن ياشاشنى تاشلاپ ، الله يولىدا جىھادقا چىقىپ ، شام قىرغاقلىرىغا چۈشكەن ۋە شۇيەردە ۋاپات بولغان ياكى الله قا شەھىدلىك ھالىتىدە ئۇچراشقانغا قەدەر رىباتتا تۇرغان.

ھارىس ئىبنى ھىشام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ جەھلنىڭ شەقىيقىنىڭ قېرىندىشى بولۇپ ، مەككە فەتھىسى كۈنى ئىسلامغا كىرگەن. ئۇ شام دىيارىدا رىباتتا تۇرۇش ۋە جىھاد قىلىش ئۈچۈن مەككىدىن يولغا چىقتى. مەككىنىڭ ئۈستۈن تەرىپىدىكى «بەتھائ» دېگەن جايغا كەلگەندە ، ئۇ ئۆزىنى ئۇزۇتۇپ چىققان مەككە ئەھلى بىلەن ۋىدالىشىش ئۈچۈن توختاپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى خالايىق! الله بىلەن قەسەمكى ، مەن سىلەردىن يۈز ئۆرۈپ چىققىنىم يوق. يەر يۈزىدە سىلەرنىڭ دىيارىڭلاردىن ياخشى دىيار يوق ، لېكىن بۇ بۇيرۇقتۇر. الله تعالى ئىسلامنى بىزگە دىن قىلىپ بەردى ، كىشىلەر ئۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمان بولدى ، ئاندىن ئۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن ھىجرەت ۋە جىھاد قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شۇ ئەمەللەرى بىلەن بىزدىن ساۋاپ جەھەتتە ئىلگىرىلەپ كەتتى. الله بىلەن قەسەمكى ، ئەگەر مەككە تاغلىرى ئالتۇن بولۇپ ، ئۇنى الله يولىدا سەرپ قىلساقمۇ ، ئۇلارنىڭ كۈنلىرىدىن بىر كۈنىنىڭ ئەجرىگە يېتەلمەيمىز. الله بىلەن قەسەمكى ، گەرچە بىز بۇ دۇنيادا ئەجر جەھەتتە ئۇلار بىلەن باراۋەر بولالمىساقمۇ ، ئەمما ئاخىرەتتە بولسىمۇ ، چوقۇم ئۇلار بىلەن ئەجردە شېرىك

بولىشىمىز لازىم. بىزنىڭ ئالدىمىزدا جىھاد ، رىبات ۋە الله تعالى تەرىپىگە ھىجرەت قىلىشتىن باشقا يول يوق!» دېدى. ئاندىن ھارىس ئىبنى ھىشام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شام تەرەپكە قاراپ يول ئالدى ھەمدە ئۇ يەردە رىباتتا تۇرۇپ ، يەرمۇك جېڭى كۈنى شەھىد بولغانغا قەدەر الله يولىدا جىھاد قىلدى.①

ئىمام ئىبنى تەيمىيە بىر كىشىنىڭ رىبات زېمىنىدا رىباتتا تۇرىشى ، ئۇنىڭ مەككە ، مەدىنە ۋە بەيتۇل مۇقەددەستە تۇرۇشىدىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىگە ئۆلىمالارنىڭ ئىجماسىنى رىۋايەت قىلغان.②

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رحمه الله دىن: «مەككىدە تۇرۇش سىز ئۈچۈن ئەۋزەلمۇ ياكى ئىسلام چېگرالىرىدا رىباتتا تۇرۇشمۇ؟» دەپ سورالدى. ئۇ: «مەن ئۈچۈن رىباتتا تۇرۇش ئەۋزەل» دېدى ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «بىزنىڭ قارىشىمىزدا ، الله يولىدىكى غازات ۋە رىباتقا باراۋەر كېلىدىغان بىرەر سالىھ ئەمەل يوق» دېدى.③

بىر كىشى ئىمام مالىك رحمه الله دىن: «مېنىڭ مەدىنە مۇنەۋۋەردە تۇرۇشۇم ئەۋزەلمۇ ياكى ئىسكەندىرىيەدىمۇ؟» دەپ سورىدى. ئىمام مالىك: «ئىسكەندىرىيەنىڭ چېگرا رايونىدا تۇرغىن!» دەپ جاۋاپ بەردى.④

① ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ «الجهاد» كىتابى 1- توم 29- بەت ؛ ھاكىمنىڭ « مۇستەدراك » كىتابى 5211-ھەدىس ؛ ئىبنى ئەساكىرنىڭ «تاريخ مدينة دمشق» كىتابى 11- توم 499-بەت ؛ ئىبنى جەۋزىنىڭ «المنتظم في التاريخ» ناملىق كىتابى 4- توم 179- بەت.

② ئىبنى تەيمىيەنىڭ « مجموع الفتاوى» كىتابى 5- توم 28- بەت.

③ «المغني» 8- توم 349- بەت.

④ «المغني» 8- توم 357- بەت.

رىباتتا تۇرغۇچىنىڭ بىر كۈنى باشقا ماكاندىكىلەرنىڭ مىڭ كۈنىدىن ئەۋزەلدۇر. شۇنىڭدەك رىباتتا تۇرغۇچىنىڭ رىبات كۈنىدە قىلغان بىر ئىبادىتى، ئۇنىڭدىن باشقا ماكاندا قىلغان مىڭ ھەسسە ئىبادەتتىن ئەۋزەل. چۈنكى رىبات كۈنىدىكى ھەرقانداق ئەمەلنىڭ ئەجرى، رىبات كۈنىدىن باشقا كۈندىكى ئەمەلنىڭ ئەجرىدىن مىڭ ھەسسە ئەۋزەلدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن رىباتتا تۇرغۇچىنىڭ نامىزىنىڭ ساۋابى، باشقىلارنىڭ نامىزىنىڭ ساۋابىدىن كاتتا ۋە ئۇنىڭ روزىسى، زىكرى، قۇرئان تىلاۋىتى، قىلغان سەدىقىلىرى ۋە ئۇ تەرىپىدىن سادىر بولغان ھەرقانداق ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى باشقىلارنىڭكىدىن كاتتىدۇر.

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «رىباتتا تۇرغۇچىنىڭ ھەرقانداق بىر ياخشىلىقى ئابىدلارنىڭ بارلىق ياخشىلىقىغا باراۋەر كېلىدۇ! الله تعالى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۇممىتىنىڭ يامىنىنى سۇلتانلىقىقا تاللىغاندەك، رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ ئۇممىتىنىڭ ياخشىسىنى رىباتتا تۇرۇشقا تاللىغان.»

شام دىيارىدا رىباتتا تۇرغۇچىلاردىن بىر كىشى 100 دىنارنى الله يولىدا ئىشلىتىشكە ۋەسىيەت قىلدى، ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭدىن پۇلنى قەيەرگە سەرپ قىلىشنى سوراپ ئۇنىڭغا: «قەيەردە ياشايسەن؟» دېدى. ئۇ كىشى: «شامدا» دېدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئۇنى ئۆزۈڭگە، ئەھلىڭگە، قوشنىلىرىڭغا ۋە ئەتراپىڭدىكى ھاجەت ئىگىلىرىگە سەرپ قىلغىن! شام ئەھلىدىن بىر كىشىنىڭ ئۆز ئەھلىگە بىر دىرھەملىك گۆش سېتىۋېلىشى 700 دىرھەمنىڭ ئورنىدا بولىدۇ» دېدى.[1]

[1] ئىبنى ئەساكىرنىڭ «تاريخ مدينة دمشق» كىتابى 1- توم 234-235- بەت

شام - ربات زېمنى، ئۇنىڭ ئەۋزىلى ئۇنىڭ دېڭىز قىرغىقىدىكى چېگرا رايونلىرى، ئۇ يەردە رىباتتا تۇرۇش ئەمەللەرنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر.

مۇھەممەد ئىبنى كەئب «ئەسقەلان» دىيارىدا رىباتتا تۇراتتى، ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئەسقالاندا يېيىش - ئىچىش ۋە توي قىلىش ئۇنىڭدىن باشقا دىياردىكىدىن ئەۋزەلدۇر.»①

① «كتاب الجهاد» 5- توم 287- بەت

# رىباتنىڭ مەنىسى ۋە مۇددىتى

ﷲ يولىدا رىباتتا تۇرغۇچى مۇرابىتلار كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر، رىباتتا تۇرۇش ۋە جىھاد قىلىش - ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەرنىڭ ئىچىدە تۇرمۇشى ئەڭ بەختلىك بولغىنى - ﷲ يولىدا ئات تەييارلىغان، جەڭگە چاقىرغان ھەرقانداق ئاۋازنى ئاڭلىغان ھامان ئېتىغا مىنىپ، ئۇرۇشنى ياكى شەھىدلىكنى ئارزۇ قىلىپ، دۈشمەن تەرەپكە ئۇقتەك چاپقان كىشى ۋە ياكى پادىلىرىنى تاغ چوققىلىرىدىن بىرەر چوققىدا ياكى جىلغىلاردىن بىرەر جىلغىغا ئاچىقىپ، ناماز ئوقۇپ، زاكات بېرىپ تاكى ئۆلۈم كەلگۈچە ﷲ تعالى غا ئىبادەت قىلغان كىشى. ئىنسانلاردىن پەقەت مۇشۇ كىشىلەرلا ياخشىلىق ئىچىدىدۇر.»[1].

ئىبنى مۇبارەك ئابدۇللاھ ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «ﷲ يولىدا ئېتىنىڭ بېشىنى تۇتۇپ تۇرغان ھالەتتە كەچ قىلغان، بىر بۇردا نان ۋە سوغۇق سۇ بىلەن ئىپتار قىلغان كىشىگە جەننەت بىلەن خۇش مۇبارەك بولسۇن!»[2]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «دېڭىز قىرغىقىدا مۇسۇلمانلارنى قوغداپ، بىر كېچە رىباتتا تۇرۇش - مەسجىدىل ھەرەمدە ياكى رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ مەسجىدىدە قەدىر كېچىسىنى ئۆتكۈزۈشۇمدىن

---

[1] مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ «كتاب الجهاد» كىتابى 2- توم 167- بەت.

سۆيۈملۈكتۇر، ئۈچ كۈن رىباتتا تۇرۇش - بىر يىلغا باراۋەر، تولۇق رىبات 40 كۈندۇر.»[①]

ئەتا مۇنداق دەيدۇ: «رىباتنىڭ تولۇقى 40 كۈندۇر.»[②]

يەزىد ئىبنى ئەبى ھەبىيب مۇنداق دەيدۇ: «ئەنسارىلاردىن بىر كىشى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نىڭ قېشىغا كەلدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: ‹قەيەردە بولدۇڭ؟› دېدى. ئۇ كىشى: ‹رىباتتا› دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ‹رىباتتا قانچىلىك تۇردۇڭ؟› دېدى. ئۇ كىشى: ‹30 كۈن› دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ‹40 كۈننى تاماملىمىدىڭمۇ؟› دېدى.»[③]

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ ئوغلى 30 كۈن رىباتتا تۇردى. ئۇ قايتقاندىن كېيىن، دادىسى ئۇنىڭغا: «سەن چوقۇم يەنە قايتىپ بېرىپ 10 كۈن رىباتتا تۇرۇشنى ئىرادە قىل ھەمدە 40 كۈننى تاماملىغىن!» دېدى.[④]

كىمكى 3 كۈن رىباتتا تۇرىدىكەن، ئۇنىڭغا يېتەرلىك ھەمدە ئۇ الله تعالى تەرىپىدىن چەكسىز پەزىلەتكە ئېرىشىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «قاچانكى سەن ئۈچ كۈن رىباتتا تۇرساڭ، ئىبادەت قىلغۇچىلار قانچىلىك ئىبادەت قىلسىمۇ بۇنىڭ ئەجرىگە يېتەلمەيدۇ.»[⑤]

① «المغني» 8- توم 613- بەت.

② ئىبنى مۇنزىرنىڭ «الأوسط» كىتابى؛ «مصنف عبد الرزاق» 5- توم 280- بەت.

③ ئابدۇرراززاق نەقىل قىلغان، «كتاب الجهاد» 5- توم 280- بەت.

④ ئابدۇرراززاق نەقىل قىلغان، «كتاب الجهاد» 5- توم 328- بەت.

⑤ «مصنف ابن أبي شيبة» كىتابى 4- توم 218- بەتتە سەھىھ ئىسناد بىلەن رىۋايەت قىلغان؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ «ألزهد» كىتابى 1- توم 214- بەت.

ئۇممۇ دەردائ□رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى مۇسۇلمانلارنىڭ دېڭىز قىرغاقلىرىدىن بىرەر ئورۇندا 3 كۈن رىباتتا تۇرسا ، ئۇ كىشىگە بىر يىل رىباتتا تۇرغاندەك ئەجىر بېرىلىدۇ.»[1]

تەلەپ قىلىنغان رىباتتىن مەقسەت: كىشىنىڭ دۈشمەنىنىڭ ھۇجۇمى يۈز بېرىدىغان ئورۇندا جىھاد قىلىشى ياكى ھارىستا تۇرۇشى[2] ۋە ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىشتىن ئىبارەت مەقسەتتە مۇستەھكەم تۇرۇشى.

رىبات ئورنى مەيلى دېڭىز ساھىلى ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ئورۇن بولسۇن ، قانچىلىك قورقۇنچلۇق ئورۇندا بولسا ، ئۇنىڭ پەزىلىتى شۇنچە كاتتا ، ساۋابى شۇنچە چەكسىز بولىدۇ. ئىمام مالىك رحمه الله مەدىنىدە رىباتتا تۇرۇشنى ئاجىز ساناندى. چۈنكى دۈشمەن ئۇ يەرگە پەقەت بىر قېتىملا ھۇجۇم قىلغان.

ئىمام مالىكتىن چىگرا ۋە دېڭىز قىرغاقلىرىدا ئەھلى - باللىرى بىلەن ياشىغۇچىلار توغرىلىق سورالدى ، ئۇ جاۋاپ بېرىپ: «ئۇلار ‹مۇرابىت› (يەنى رىباتتا تۇرغۇچى) ھېسابلانمايدۇ ، ‹مۇرابىت› دېگەن ئۆز دىيارىدىن قورقۇنچلۇق ئورۇنغا رىباتنى مەقسەت قىلىپ چىققان كىشىلەردۇر» دېدى.

توغرىسى: ئىسلام زېمىنىنىڭ ھەرقانداق چىگراسىدا ياشىغۇچى جىھادقا قاتنىشىش ياكى ھارىستا تۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ ياشىغان بولسا ، ئەگەر ئۇنىڭغا ئەھلى ۋە ئەۋلادىنى كۆچۈرۈپ ئاپىرىپ ياشاشتا مۇشەققەت بولمىسا ، ئۇ كىشى ئەھلى - باللىرى بىلەن بىللە ياشىسىمۇ مۇرابىت ھېسابلىنىدۇ ۋە رىباتنىڭ ئەجرىگە

---

[1] ئىمام ئەھمەدنىڭ «المسند» كىتابى 6- توم 362- بەت ؛ ھەيسەمىنىڭ « مجمع الزوائد» كىتابى 5- توم 289- بەت.
[2] ھارىستا تۇرۇش — ئىسلام زېمىنىنى قوغداپ پوستتا تۇرۇش ؛ قاراۋۇللۇقتا تۇرۇش.

ئېرىشىدۇ. چۈنكى ، سەلەف - سالىھلار ۋە تابىئىنلار چېگرادا ئۆز ئەھلى - ئەۋلادى بىلەن رىباتنى نىيەت قىلىپ ياشايتتى.

ئېھتىمال ئىمام مالىكنىڭ سۆزى چېگرا رايونىدا تۇغۇلۇپ ، شۇ يەردە ئۆسۈپ چوڭ بولغان كىشىلەر توغرىسىدا ئېيتىلغان بولسا كېرەك. ئۇلارنىڭ ئۇ يەردە تۇرۇشى ، رىبات مەقسىتى بىلەن ئەمەس ، بەلكى پەقەتلا ئۆز ئەھلىلىرىنىڭ بولغانلىقى ۋە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋەتىنىنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈندۇر.

بىر كىشى چېگرا رايونىدا جىھاد ۋە رىباتنى مەقسەت قىلماستىن تۇرسا ، «مۇرابىت» (رىباتتا تۇرغۇچى) ھېسابلانمايدۇ ۋە رىباتنىڭ ئەجرىنىمۇ ئالالمايدۇ. ئۇ كىشى خۇددى ئۆز خوجايىنىنىڭ تۇرغانلىقى ياكى باشقا بىرەر سەۋەب بىلەن چېگرادا تۇرغان كىشىگە ئوخشايدۇ.

گاھىدا بۇ جىھادتا نىيەتكە ئاساسەن ساۋابقا ئېرىشىدۇ ، ئەگەر ئۇنىڭ نىيىتىدە دۈشمەن ھۇجۇم قىلىپ كەلسە ، ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش قىلىش بولسا ، ئۇ ساۋابقا ئېرىشىدۇ. چۈنكى ، زەررە مىسقالچىلىك ياخشىلىق قىلغان كىشى ئۇنىڭ ئەجرىنى كۆرىدۇ.

ئىمام مالىك رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: «ئۆز ئەھلى بىلەن رىباتقا چىققان كىشىگە ھېچقىسى يوق.»

سەھنۇن بۇنىڭغا قوشۇمچە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆز ئەھلىنى ئىسكەندىرىيە ۋە تۇنىسقا ئوخشاش ئائىلىلىكلەر كۆپ ئورۇنلاشقان ، بىخەتەر ئورۇنغا چىقىرىشتۇر.»

ئىمام ئەھمەد چېگرا رايونىدا ئەھلى بىلەن تۇرۇشتىن توساتتى. چۈنكى چېگرا رايونلىرى ئەھلىگە بىخەتەر بولمىغان يەرلەر بولۇپ ، بۇنداق يەرلەردە ئەھلى - ئەۋلادلىرىنى مۇشرىكلارنىڭ ئۆلتۈرۈش ياكى ئەسىر ئېلىش ئىمكانىيىتى بولۇپ قالاتتى.

# الله يولىدا ھارسىتا تۇرۇشنىڭ[1] پەزىلىتى

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذَا كُنتَ فِيهِمْ فَأَقَمْتَ لَهُمُ الصَّلاَةَ فَلْتَقُمْ طَآئِفَةٌ مِّنْهُم مَّعَكَ وَلْيَأْخُذُواْ أَسْلِحَتَهُمْ فَإِذَا سَجَدُواْ فَلْيَكُونُواْ مِن وَرَآئِكُمْ وَلْتَأْتِ طَآئِفَةٌ أُخْرَى لَمْ يُصَلُّواْ فَلْيُصَلُّواْ مَعَكَ وَلْيَأْخُذُواْ حِذْرَهُمْ وَأَسْلِحَتَهُمْ وَدَّ الَّذِينَ كَفَرُواْ لَوْ تَغْفُلُونَ عَنْ أَسْلِحَتِكُمْ وَأَمْتِعَتِكُمْ فَيَمِيلُونَ عَلَيْكُم مَّيْلَةً وَاحِدَةً وَلاَ جُنَاحَ عَلَيْكُمْ إِن كَانَ بِكُمْ أَذًى مِّن مَّطَرٍ أَوْ كُنتُم مَّرْضَى أَن تَضَعُواْ أَسْلِحَتَكُمْ وَخُذُواْ حِذْرَكُمْ إِنَّ اللّهَ أَعَدَّ لِلْكَافِرِينَ عَذَابًا مُّهِينًا﴾ «(ئى مۇھەممەد!) سەن مۆئمىنلەر بىلەن (جىھادتا) بىللە بولۇپ، ئۇلار بىلەن ناماز ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى سەن بىلەن بىرلىكتە نامازغا تۇرسۇن، قوراللىرىنى (ئېھتىيات يۈزىسىدىن) يېنىدا تۇتسۇن. سەجدىگە بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ئارقاڭلارغا ئۆتۈپ تۇرسۇن (يەنى ناماز ئوقۇپ بولغان پىرقە ئارقاڭلاردا كۆزەتچىلىك قىلىپ تۇرسۇن، ئۇلارنىڭ ئورنىغا) ناماز ئوقۇمىغان ئىككىنچى بىر پىرقە كېلىپ، سەن بىلەن بىرلىكتە (يەنى ئارقاڭدا) ناماز ئوقۇسۇن، (دۈشمەنلىرىدىن) ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھوشيار تۇرسۇن. (دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا تەييار تۇرۇش يۈزىسىدىن) قوراللىرىنى يېنىدا تۇتسۇن. كاپىرلار سىلەرنىڭ قوراللىرىڭلاردىن، ئەشيالىرىڭلاردىن غەپلەتتە قېلىشىڭلارنى، شۇنىڭ بىلەن، سىلەرگە بىردىنلا (تۇيۇقسىزدىن) ھۇجۇم قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ (يەنى دۈشمەنلەرنىڭ سىلەرگە ھۇجۇم قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالماسلىقى ئۈچۈن، ھەممىڭلار بىرلا ۋاقىتتا يىغىلىپ ناماز ئوقۇماي، يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە ئوقۇڭلار). ئەگەر سىلەرگە يامغۇر سەۋەبلىك ھەرەج بولىدىغان

---

[1] ھارسىتا تۇرۇش — ئىسلام زېمىنىنى قوغداپ پوستتا تۇرۇش؛ قاراۋۇللۇقتا تۇرۇش.

بولسا ، ياكى كېسەل بولساڭلار ، (بۇ چاغدا) قورالليرىڭلارنى قويۇپ قويساڭلار ، سىلەرگە ھېچگۇناھ بولمايدۇ. ئېھتىياتچان ۋە ھوشيار بولۇڭلار ، اللّٰه ھەقىقەتەن كاپىرلار ئۈچۈن خار قىلغۇچى ئازاب تەييارلىدى.»①

﴿مَا كَانَ لِأَهْلِ الْمَدِينَةِ وَمَنْ حَوْلَهُم مِّنَ الأَعْرَابِ أَن يَتَخَلَّفُواْ عَن رَّسُولِ اللّه وَلاَ يَرْغَبُواْ بِأَنفُسِهِمْ عَن نَّفْسِهِ ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ لاَ يُصِيبُهُمْ ظَمَأٌ وَلاَ نَصَبٌ وَلاَ مَخْمَصَةٌ فِي سَبِيلِ اللّه وَلاَ يَطَؤُونَ مَوْطِئًا يَغِيظُ الْكُفَّارَ وَلاَ يَنَالُونَ مِنْ عَدُوٍّ نَّيْلاً إِلاَّ كُتِبَ لَهُم بِهِ عَمَلٌ صَالِحٌ إِنَّ اللّه لاَ يُضِيعُ أَجْرَ الْمُحْسِنِين﴾«مەدىنە ئاھالىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئەئرابىلارنىڭ رەسۇلۇللاھ بىلەن جىھادقا بىللە چىقماي قېلىپ قېلىشى ، ئۆزلىرىنىڭ ئارامى بىلەنلا بولۇپ ، جاپادا رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە بولماسلىقى توغرا ئەمەس ئىدى. بۇ (يەنى ئۇلارنى جىھادقا چىقماي قېلىپ قېلىشتىن مەنئى قىلىش) شۇنىڭ ئۈچۈنكى ، ئۇلار اللّٰه نىڭ يولىدا ئۇچرىغان ئۇسسۇزلۇق ، تارتقان جاپا-مۇشەققەت ۋە ئاچلىق ، ئۇلارنىڭ كاپىرلارنى خاپىلىققا سالىدىغان ھەربىر قەدىمى ، دۈشمەنلەر ئۇستىدىن ئېرىشكەن (ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ، ئەسىر ئېلىش ، مەغلۇپ قىلىش قاتارلىق) ھەربىر نەرسىسى ئۈچۈن (اللّٰه نىڭ دەرگاھىدا) ئۇلارغا ياخشىلىق (يەنى ساۋاب) يېزىلىدۇ ، اللّٰه ئەلۋەتتە ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ.»②

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «دىنار ، دەرھەم ۋە كەشتىلەنگەن رەڭلىك كىيىمنىڭ بەندىلىرى ھالاك بولسۇن! ئەگەر ئۇلارغا بېرىلسە ، رازى بولىدۇ ؛ بېرىلمىسە ، غەزەپ قىلىدۇ.

---

① سۈرە نىسا 102- ئايەت

② سۈرە تەۋبە 120- ئايەت

ئۇنىڭغا تىكەن كىرسە، چىقىرىلمىسۇن! اللّٰه يولىدا ئېتىنىڭ يۈگىنىنى تۇتۇپ تۇرغان، چېچى چۇۋۇق، ئىككى قەدىمى توپىغا مىلەنگەن كىشىگە خۇش مۇبارەك بولسۇن! ئەگەر ئۇنى ھارىستا تۇرۇشقا قويسا، ھارىستا تۇرىدۇ؛ ئارقا سەپتە قويسا، ئارقا سەپتە بولىدۇ؛ ئىزنى سورىسا، ئىزنى بېرىلمەيدۇ؛ شاپائەت قىلماقچى بولسا، شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدۇ.»[①]

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ قورقۇنچ ئىچىدە اللّٰه يولىدا بىر كېچىنى ھارىستا ئۆتكۈزۈشۈم، 100 تۆگىنى سەدىقە قىلىشىمدىن سۆيۈملۈكرەكتۇر.»[②]

بىلگىنكى، اللّٰه يولىدا ھارىستا تۇرۇش - اللّٰه تعالى غا يېقىنلىشىشتىكى ئەڭ كاتتا ئەمەل ۋە ئەڭ ئالىي تائەتتۇر. ھالبۇكى ئۇ رىبات تۇرلىرىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى. دۈشمەن تەرىپىدىن ئۆزلىرىگە خېيىم - خەتەر يېتىدىغان ئورۇندا، مۇسۇلمانلارنى قوغداپ تۇرغان ھەرقانداق كىشى رىباتتا تۇرغۇچىدۇر. ھارىستا تۇرۇشنىڭ كۆپلىگەن پەزىلەتلىرى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ قاتارىدىن:

1. اللّٰه يولىدا ھارىستا تۇرغان كىشىنىڭ كۆزىگە دوزاخ ئوتى تەگمەيدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ: ‹اللّٰه تعالى دىن قورقۇپ يىغلىغان ۋە اللّٰه يولىدا ھارىستا تۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزغان كۆزدىن ئىبارەت ئىككى كۆزگە دوزاخ ئوتى تەگمەيدۇ› دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.»[③]

---

[①] بۇخارى رىۋايىتى

[②] «كتاب الجهاد» 2-توم 168- بەت

[③] تىرمىزى رىۋايىتى، ئەلبانى سەھىھ دېگەن

ئەبۇ رەيھانەتىل ئەزدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىر غازاتتا ئىدۇق. بىر كۈنى بىز بىر ئېگىزلىككە كېلىپ، ئۇ يەردە كەچلىدۇق. ئۇ كېچە قاتتىق سوغۇق بولدى، ھەتتا بەزى كىشىلەرنىڭ يەرنى كولاپ كىرىۋېلىپ، ئۈستىگە قالقان بىلەن يېپىۋالغانلىقىنى كۆردۈم، رەسۇلۇللاھ ﷺ كىشىلەرنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرگەندىن كېيىن: ‹بۇ كېچە بىزگە كىم ھارىستا تۇرىدۇ؟ مەن ئۇنىڭغا پەزىلەتلىك دۇئا قىلىمەن› دېدى. ئەنسارىيلاردىن بىر كىشى: ‹مەن تۇراي، ئى رەسۇلۇللاھ!› دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹يېقىن كەل!› دېدى، ئۇ يېقىن كەلدى. ئۇنىڭغا: ‹سەن كىم؟› دېدى. ئۇ ئۆزىنى «ئەنسارى» دەپ ئاتىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا كۆپ دۇئا قىلدى.»

ئەبۇ رەيھانە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ دۇئاسىنى ئاڭلاپ: ‹مەنمۇ بىللە تۇراي!› دېدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹يېقىن كەل!› دېدى. مەن يېقىن باردىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ ماڭا: ‹سەن كىم؟› دېدى. مەن: ‹ئەبۇ رەيھانە› دېدىم. ئۇ ماڭا ئەنسارىيغا قىلغان دۇئاسىغا قارىغاندا ئازراق دۇئا قىلدى، ئاندىن: ‹الله تعالى دىن قورقۇپ يىغلىغان ياكى ياش تۆككەن كۆزگە ۋە الله يولىدا بىدار بولغان كۆزگە دوزاخ ئوتى ھارام قىلىندى› دېدى.»[1]

2. الله يولىدا ھارىستا تۇرغان كىشىنىڭ جەننەت ئەھلى ئىكەنلىكىگە رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى.

سەھل ئىبنى ھەنزەلىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان: «ئۇلار ھۇنەين كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺبىلەن بىرگە چىقتى. كەچ كىرىپ، ھەتتا خۇپتەن ۋاقتى بولدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا ناماز ۋاقتىدا بىر ئاتلىق كىشى

[1] نەسائى، ئەھمەد رىۋايىتى؛ ھاكىم رىۋايەت قىلىپ «سەھىھ» دېگەن؛ ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

كېلىپ: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! مەن سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا پالانى تاغقا چىقتىم. مەن ئۇشتۇمتۇت ھەۋازىن قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى، ئۇلارنىڭ ئائىلىلىرى ۋە چارۋا - قويلىرىنى كۆردۈم، ئۇلار ھۇنەينگە يىغىلدى› دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ تەبەسسۇم قىلىپ: ‹الله خالىسا، بۇلار ئەتە مۇسۇلمانلارنىڭ غەنىمىتى بولىدۇ› دېدى. ئاندىن: ‹بۈ كېچە بىزگە كىم ھارىستا تۇرىدۇ؟› دېدى. ئەنەس ئىبنى مەرسەدىل غەنەۋى: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ھارىستا تۇراي!› دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹ئېتىڭنى مىنگىن!› دېدى. ئۇ ئېتىنى مىنىپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا كەلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا: ‹بۇ ۋادىغا قاراپ مېڭىپ، ئۇنىڭ ئەڭ ئۈستىگە چىققىن! بۇ كېچە بىز سەن تۇرغان تەرەپتىن خاتىرجەم بولايلى!› دېدى. تاڭ ئاتقان چاغدا، رەسۇلۇللاھ ﷺ ناماز ئوقۇيدىغان جايغا چىقىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى ۋە ‹سىلەرنىڭ چەۋەندازىڭلاردىن بىرەر نەرسە سەزدىڭلارمۇ؟› دېدى. ئۇلار: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! ھېچنەرسە سەزمىدۇق› دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ تۇرۇپ، ناماز ئوقۇشقا باشلىدى. نامازنى ئوقۇپ، سالام بەرگىچە ۋادى تەرەپكە تەلپۈنەتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹خۇش خەۋەر! سىلەرنىڭ چەۋەندازىڭلار كەلدى› دېدى. بىز ۋادىدىكى دەرەخلەر ئارىسىدىن ئۇنىڭغا قارىدۇق، ئۇ كېلىپ بولغان ئىدى. ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئالدىغا كېلىپ: ‹مەن بۇ ۋادىنىڭ ئۈستىدىكى رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇيرىغان ئورۇنغىچە ماڭدىم. تاڭ ئاتقان ۋاقتتا، ئىككى ۋادىنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە چىقىپ قاراپ، بىرەر كىشىنىمۇ كۆرمىدىم› دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا: ‹كېچىدە چۈشتۈڭمۇ؟› دېدى. ئۇ: ‹ياق، پەقەت ناماز ئوقۇش ياكى ھاجىتىمنى ئادا قىلىش ئۈچۈن چۈشتۈم› دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹سەن بۇ كېچىدە

هارىستا تۇرغانلىق سەۋەبلىك ئۆزۈڭگە جەننەتنى ۋاجىب قىلدىڭ. بۇنىڭدىن كېيىن ھېچبىر ئەمەل قىلمىساڭمۇ ساڭا زەرەر يوق› دېدى» [1].

3. جېنىغا خېيىم - خەتەر بولغان ئورۇندا بىر كېچە ھارىستا تۇرۇش قەدىر كېچىسىدىن ئەۋزەلدۇر.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «قەدىر كېچىسىدىنمۇ ئەۋزەل بىر كېچىنى سىلەرگە خەۋەر قىلايمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ ئۆز ئەھلىگە قايتماي، خەتەرلىك بىرەر زېمىندا ھارىستا تۇرۇش.» [2].

4. بىر كېچە ھارىستا تۇرۇش - كېچىسى قىيامدا تۇرۇلىدىغان، كۈندۈزى روزا تۇتۇلىدىغان مىڭ كۈندىن ئەۋزەلدۇر.

ئەرتا ئىبنى مۇنزىردىن ئىبنى ئەساكىر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئولتۇرغانلارغا: «قايسى كىشىلەرنىڭ ئەجرى ئەڭ كاتتا؟» دېدى. ئۇلار: ‹«روزا» ۋە «ناماز»نى دېيىشتى ۋە «ئەمىرۇل مۇئمىنىندىن كېيىن پالانى، پالانى كىشىلەر» دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن سىلەرگە سىلەر سۆزلەپ ئۆتكەن كىشىلەر ۋە ئەمىرۇل مۇئمىنىندىنمۇ ئەجىر جەھەتتە ئەڭ كاتتا بولغان كىشىلەرنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟» دېدى. ئۇلار: «شۇنداق قىلسىلا» دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:«شام زېمىنىدا ئېتىنىڭ يۈگىنىنى تۇتۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ دىيارلىرىنى قوغداپ، مۇھاپىزەت قىلىدىغان

---

[1] ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى، نەسائىي، ئەبۇ ئۇۋانە، ھاكىم سەھىھ ئىسناد بىلەن رىۋايەت قىلغان؛ ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] نەسائى ۋە بەيھەقى رىۋايەت قىلغان؛ ھاكىم: «بۇخارىنىڭ ‹سەھىھ ھەدىس شەرتى›گە چۈشىدۇ» دېگەن؛ ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئادەتتىكى بىر كىشى بولۇپ، ئۇنى يىرتقۇچ ھايۋانلار تالىۋەتكەنمىدۇ، يىلان چېقىۋالامدۇ ياكى دۈشمەن ھۇجۇم قىلامدۇ بۇنى بىلمەيدىغان كىشىدۇر. بۇ كىشىنىڭ ئەجرى سىلەر زىكىر قىلغان كىشىلەر ۋە ئەمىرۇل مۇئمىنىنىڭ كاتتا ئەجرلىك كىشىدۇر»دېدى.[1]

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە: رەسۇلۇللاھ ﷺ بىر مەنزىلگە چۈشتى، ئاندىن: «بۇ كېچىدە بىزگە كىم ھارىستا تۇرىدۇ» دېدى. مۇھاجىرلاردىن بىر كىشى ۋە ئەنسارىلاردىن بىر كىشى چىقىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىز تۇرايلى» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «سىلەر ۋادىنىڭ ئېغىزىدا تۇرۇڭلار!» دېدى. ئۇلار ۋادىدىن جىلغىغا چۈشۈپ، جىلغىنىڭ ئېغىزىغا بارغاندا، ئەنسارى مۇھاجىرغا: «سەن مېنىڭ كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدە تۇرۇشۇمنى خالامسەن ياكى ئاخىرىدىمۇ؟» دېدى. مۇھاجىر: «ئەۋۋىلىدە تۇرغىن!» دېدى. ئاندىن مۇھاجىر يانچە يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. ئەنسارى تۇرۇپ ناماز ئوقۇشقا باشلىدى. مۇشرىكلاردىن بىر كىشى كېلىپ، ئۇنى كۆرۈپ قالدى ۋە ئۇنىڭ مۇسۇلمانلار ئەۋەتكەن مۇھاپىزەتچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا ئوقيانى بەتلەپ ئاتتى، ئوق تەگدى. ئەنسارى ئوقنى يۇلۇپ ئېلىۋېتىپ، نامىزىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. ئاندىن ئۇ مۇشرىك ئىككىنچى ئوقنى ئېتىپ تەگكۈزدى. ئەنسارى ئۇنىمۇ ئېلىۋېتىپ، نامىزىنى داۋاملاشتۇردى. ئۈچىنچى ئوق تەگكەندە، ئۇنىمۇ ئېلىۋېتىپ، بىرىپ قىرىندىشىنى ئويغاتتى ۋە ئۇنىڭغا: ‹تۇرغىن، مەن كەلدىم› دېدى. مۇشرىك ئۇ ئىككىسىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئاشكارلىنىپ قېلىشىدىن قورقۇپ قېچىپ كەتتى. مۇھاجىر ئەنسارىدىن چىققان قاننى كۆرۈپ:

---

[1] ئىبنى ئەساكىرنىڭ «تاريخ مدينة دمشق» كىتابى 1- توم 283- بەت.

«سبحان الله! ساڭا بىرىنچى ئوق تەگكەندىلا نېمشقا مېنى ئويغاتمىدىڭ؟» دېدى. ئەنسارى: «مەن بىر سۈرىنى ئوقۇۋاتاتتىم، ئۇنى تۈگەتمەي تۇرۇپ، ئۈزۈپ قويۇشنى ياخشى كۆرمىدىم، ئوق ئارقا - ئارقىدىن ئېتىلغاندىن كېيىن، رۇكۇ قىلىپ ،ئاندىن سېنى چاقىردىم. الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مەن رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ چېگرانى ساقلاش بۇيرۇقىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماسلىقتىن قورقمىغان بولسام، ئۇ سۈرىنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ئىلگىرى جېنىم چىققان ياكى ئۇنى تۈگەتكەن بولاتتىم» دېدى.[1]

---

[1] ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك «كتاب الجهاد» كىتابى 2- توم 168-170 بەت؛ ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى رىۋايىتى، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

ئى مۆمىنلەر! تائەت ـ ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ۋە سىلەرگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا سەۋر قىلىڭلار، دۈشمەنلەرگە زىيادە چىداملىق بولۇڭلار، (چېگرالىرىڭلارنى ساقلاپ) جىھادقا تەييار تۇرۇڭلار، مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن اللّٰه تىن قورقۇڭلار (يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلماڭلار) [200].

سۈرە ئال ئىمران